# 201702 - ئەر ئايالىغا مېنى يالغۇز قوي، يوقال، سەن ئۆيدە بولساڭ بىر ۋەقە چىقىپ قالغۇدەك! دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا، ئايالى تالاق بولامدۇ؟

## سوئال

مەن بىلەن يولدىشىم ئارىسىدا ماجرا يۈز بەردى، يولدىشىم ئاچچىقىدا، مېنىڭ كېتىشىمنى، ئۆزىنى يالغۇز قويۇشۇمنى، ئەگەر كەتمىسەم بىرەر ئىش چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆز تالاق ھېسابلىنامدۇ؟. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ مېنىڭ تالاق مەسىلەم توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭدىن سىز ئايالىڭىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندا نېمىنى نىيەت قىلغان دەپ سورالغاندا، ئاتا-ئانىسى بىلەن سۆزلەشكەندە مېنى تالاق قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ نىيىتى ۋە سۆزلىرى ئارقىلىق تالاق چۈشەمدۇ؟. بۇ ھەقتە تەپسىلى چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل
مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

تالاق
دېگەن سۆز؛ لەۋزىدىن ئوچۇق ئىپادىلىنىدىغان
ۋە كىنايە يەنى تالاقنى ۋە باشقا
مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
بولىدۇ.

ئوچۇق
ئىپادىلىنىدىغان لەۋزى بىلەن بولغاندا ئايالىغا:
“سەن تالاق قىلىندىڭ” دىسە، بۇ سۆزدىن
تالاقتىن باشقا مەقسەتئىپادىلەنمەيدۇ.

كىنايە
شەكلى بىلەن بولغاندا، بۇنىڭدىن تالاق ۋە
تالاقتىن باشقا مەقسەتلەرمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى: ئەر كىشى ئايالىغا: "سەن بويتاق ياكى
سەن بىلەن مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى ياكى
ئىختىيار ئۆزۈڭدە ياكى ئاتا-ئاناڭنىڭ
ئۆيىگە كەت ياكى مېنىڭ ساڭا ھاجىتىم يوق
دېگەندەك سۆزلەردىن ئىبارەت.

بىز
يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، ئالىملارنىڭ كۆچلۈك
قارىشىدا، كىنايە شەكىلدە ئېيتىلغان
لەۋزىلەردە پەقەت شۇ سۆزنى
تالاقنى مەقسەت قىلىپ دېگەندە تالاق ھاسىل
بولىدۇ. ئەمما تالاقنى مەقسەت قىلماستىن
ئۇرۇشۇپ، ماجىرا قىلىپ، ئاچچىقىدا دېگەن
بولسىمۇ بۇنىڭ بىلەن تالاق ھاسىل بولمايدۇ.

بۇ
توغرىدىكى پەتىۋانى بىلمەكچى بولسىڭىز (120947)
نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت
قىلىڭ.

يولدىشىڭىزنىڭ
سىزگە ئېيتقان سۆزىگە كەلسەك: سىزنىڭ
كېتىشىڭىزنى، ئۆزىنى يالغۇز قويۇشىڭىزنى،
ئەگەر كەتمىسىڭىز بىرەر ئىش چىقىپ قالىدىغانلىقى،
بۇ كىنايە تالاق بولۇپ، ئەگەر سىز
كەتمىسىڭىز چوقۇم بىرەر ۋەقە يۈز
بېرىدىغان بولسا ۋە بۇ سۆزدىن ھەم تالاقنى
مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ سۆز بىلەن تالاق ھاسىل
بولىدۇ.

سىز
كەتمىسىڭىز بىرەر ۋەقە يۈز

بەرمىسە ياكى يۈز بېرىپ قالسىمۇ يولدىشىڭىز
بۇ سۆزدىن تالاقنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، بۇ
سۆز بىلەن تالاق ھاسىل بولمايدۇ.

يولدىشىڭىزنىڭ
ئاتا-ئانىسى بىلەن سىزنىڭ تالاق مەسىلىڭىز توغرىسىدا
تالاش-تارتىش قىلىشقان شۇ ۋاقىتتا سىزنى تالاق قىلىشنى
مەقسەت قىلىپ، ئەمما تالاقنى ئوچۇق ئىپادىلەيدىغان
سۆزنى قىلمىغانلا بولسا، بۇنىڭ بىلەن تالاق ھاسىل
بولمايدۇ.

يولدىشىڭىز
ئاتا-ئانىسى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىش جەريانىدا تالاقنى
ئوچۇق ئىپادىلەيدىغان سۆزنى قىلغان بولسا ياكى تالاقنى
مەقسەت قىلىپ ئوچۇق سۆزلىمەستىن كىنايە
شەكلىدە تالاقنى ئىپادىلەيدىغان لەۋزىلەرنى
سۆزلىگەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا تالاق ھاسىل بولىدۇ.

بۇ
يەردە دىققەت قىلىدىغان ئىككى تۈرلۈك ئىش بار:

بىرىنچى:
ئاتا-ئانىسى بىلەن تالاش-تارتىش قىلغاندا، سىزنى تالاق قىلىشنى
مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇرۇن
ئاتا-ئاناڭىنىڭ يېنىغا كەتكىن دېگەندە
تالاقنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، دەسلەپتە
نىيمىنى مەقسەت قىلغان بولسا شۇنىڭغا ھۆكۈم
قىلىنىدۇ، كېيىن قىلىنغان نىيەتنىڭ ئىلگىرىكى
ھۆكۈمگە ھىچ تەسىرى بولمايدۇ.

ئىككىنچى:
ئەر كىشى كۆڭلىدە تالاقنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ

ئەمما بۇنى

ئوچۇق ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ۋە

مەقسەتلىك كىنايە سۆزلەرنىمۇ قىلمىغان بولسا،

بۇ مەسىلە 81726- نومۇرلۇق پەتىۋادا

بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇنىڭ بىلەن تالاق ھاسىل

بولمايدۇ. ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.